# ئالىي ئىززەت - ھۆرمەت يۈكسەك مەدھىيە

## —— مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدىكى بىر كۆرۈنۈش

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى زوۋ ۋېي، جاڭ شياۋسۇڭ

2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خەلق سارىيى. چوڭ زالدىكى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان چىراغ نۇرلىرى ئاستىدا، مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى.

ھەيۋەتلىك «ۋەتەن قەھرىمانلىرىغا ئېھتىرام» ناملىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەرگە بىر - بىرلەپ مېدال، گۇۋاھنامە، تەقدىرنامە تارقىتىپ بەردى.

«شيا سېن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تاشقى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ سابىق تەتقىقاتچىسى».

ئىسىم ئوقۇلۇشى بىلەن، خىزمەتچى خادىملار چاقىلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان ياشانغان ئايال شيا سېننى ئىتتىرىپ، رەئىس سەھنىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى.

يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن، شيا سېن ۋە مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىغا ئېرىشكەن باشقا كىشىلەر تەكلىپ بىلەن رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغانىدى. مۇشۇ پەيتتە باش شۇجى شى جىنپىڭ مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بۇ 97 ياشلىق نەمۇنىچىگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.

ئالىي ئىززەت - ھۆرمەت، يۈكسەك مەدھىيە.

پۈتۈن مەيداندا ياڭرىغان قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېڭىشىپ تۇرۇپ، تەنتەنىلىك ھالدا بۇ ياشانغان ئايالغا مېدال ئاستى، مېدال لېنتىسىنى رەتلەپ قويدى، قاراشلىرى مۇلايىم ۋە ئىللىق ئىدى.

ياشانغان ئايال شيا سېن ھاياجانلانغان ھالدا چاقىلىق ئورۇندۇقتىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، باش شۇجى يەنە بىر قېتىم ئېڭىشىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە ياشانغان ئايالنىڭ مۈرىسىنى يېنىك بېسىپ، ئۇنى خاتىرجەم ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ، قېپقىزىل شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ھەم ئۇنىڭ بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى. ياشانغان ئايالنىڭ كۆپ ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان چېھرىدىن ھاياجان ۋە خۇشاللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ گۇۋاھنامىنى قولىغا ئېلىپ، تۆۋەنگە قاراپ ئارقا - ئارقىدىن قول ئىشارىسى قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

فوتو ئاپپاراتلار توختىماي چاراسلاپ، بۇ تارىخىي دەقىقىنى خاتىرىلىدى. قىزغىن ئالقىش سادالىرى چوڭ زالدا ئۇزاققىچە ياڭرىدى.

14 يېشىدا ئىنقىلابقا ئاتلانغان، 15 يېشىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن شيا سېن 1982 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ يەنىلا نامرات رايونلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا رىشتە باغلاپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن يىغقان جەمئىي 2 مىليون 32 مىڭ يۈەن پۇلنى ئىئانە قىلىپ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ دەنفېڭ ناھىيەسى، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شاڭيوۋ ناھىيەسىدىكى نامرات يېزا - كەنت مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1 مىليون يۈەن بىلەن «شياسېن ئوقۇش ياردەم پۇلى» تەسىس قىلىپ، ھازىرغىچە 182 نامرات داشۆ ئوقۇغۇچىسىنىڭ «داشۆ ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى.

دەۋر قەھرىمانلارنى يارىتىدۇ، ئۇلۇغلۇق ئاددىيلىقتىن كېلىدۇ. قاينام - تاشقىنلىققا تولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ كۈرىشىدە، شيا سېنغا ئوخشاش سىياسىيدا قەتئىي، ئېپادىسى گەۋدىلىك، تۆھپىسى مۇھىم، زور، روھى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان زور بىر تۈركۈم كۆزگە كۆرۈنگەن تىپلار مەيدانغا كەلدى. پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تۆھپە قوشۇپ، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ، مىليونلىغان خەلق بىلەن بىرلىكتە تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۆجىزىسىنى ياراتتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتلىق سۆزلىرى چىراغلار يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان ئەگمە تورۇس ئاستىدا ئۇزاققىچە جاراڭلىدى ——

«بۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شەرىپى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇلۇغ شەرىپى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ شەرىپى!»

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ

# مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىنى بېرىش توغرىسىدىكى قارارى

(2021 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىجادىيلىققا، ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور، سالمىقى ئەڭ كۈچلۈك، نەپ يەتكۈزىدىغان نوپۇس ئەڭ كۆپ بولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى تەشكىللەپ يولغا قويدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۆزى جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق، تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تۈپ مىزان ۋە ئىلمىي كۆرسەتمە بىلەن تەمىنلىدى. سەككىز يىل سىجىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى 100 مىليونغا يېقىن نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىش تارىخىدىكى مۆجىزە يارىتىپ چىقىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇلدى، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

قاينام - تاشقىنلىققا تولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە، سىياسىيدا قەتئىي، ئېپادىسى گەۋدىلىك، تۆھپىسى مۇھىم، زور، روھى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر تۈركۈم كۆزگە كۆرۈنگەن تىپلار بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەپ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىدىغان، ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى ۋە سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈردى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش روھىي قىياپىتىنى جانلىق شەرھلىدى، كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇمايدىغان بۇرچ - مەسئۇلىيىتى ۋە جان - دىل بىلەن خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان چوڭقۇر ھېسسىياتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى، بۇ، كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.

ئىلغارلارنى داغدۇغىلىق تەقدىرلەپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، مىللەت روھى، دەۋر روھى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، شەرەپ تۇيغۇسىنى تولۇق قوزغىتىپ، تېخىمۇ قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ماۋ شياڭلىن قاتارلىق ئون يولداش، خېبېي ئۆلكىسى سەيخەنبا ماشىنىلاشقان ئورمانچىلىق مەيدانى قاتارلىق ئون كوللېكتىپقا «مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىشنى قارار قىلدى.

ھازىر، دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا، ۋەزىپە مۈشكۈل، مەسئۇلىيەت ئېغىر، زور، بۇرچ شەرەپلىك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شۇنداق چاقىرىق قىلىدۇكى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەمۇنىچىلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك!

قوشۇمچە

## مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچىلار ئىسىملىكى

(20)

ماۋ شياڭلىن چۇڭچىڭ شەھىرى ۋۇشەن ناھىيەسىنىڭ جۇشيەن يېزىسى شياجۇاڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى

بەي جىڭيىڭ (ئايال، موڭغۇل) ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى شىڭئەن ئايمىقى كېرچىن ئوڭ قانات ئوتتۇرا خوشۇنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، كېرچىن ئوڭ قانات ئوتتۇرا خوشۇنى موڭغۇل كەشتىچىلىكى كەسپىي مەخسۇس تۈرىنى ئالغا سىلجىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، موڭغۇل كەشتىچىلىكى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى

لىۇ خۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايىتى پەيزاۋات ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى

لى يۇ جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، جىلىن يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ پروفېسسورى

جاڭ شياۋجۇەن (ئايال، زاڭزۇ) ھايات چېغىدا گەنسۇ ئۆلكىسى گەننەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى جۇچۈ ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى

جاڭ گۈيمېي (ئايال، مانجۇ) يۈننەن ئۆلكىسى لىجياڭ شەھىرى خۇاپىڭ قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى، خۇاپىڭ ناھىيەلىك بالىلار پاراۋانلىق ئورنىنىڭ باشلىقى

جاۋ يافۇ جياڭسۇ ئۆلكىسى جۇرۇڭ شەھىرى تيەنۋاڭ بازىرى دەيجۇاڭ ئورگانىك يېزا ئىگىلىك كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ تەتقىقاتچىسى

جياڭ شىكۇن (مياۋزۇ) ھايات چېغىدا گۇيجۇ ئۆلكىسى چيەندۇڭنەن بۇيىزۇ، مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى جىڭلۇڭ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئىدى

شيا سېن (ئايال) جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تاشقى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ سابىق تەتقىقاتچىسى

خۇاڭ ۋېنشيۇ (ئايال، جۇاڭزۇ) ھايات چېغىدا گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى بەيسې شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدىن لېيې ناھىيەسىنىڭ شىنخۇا بازىرى بەينى كەنتىگە كەنتتە تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن 1 - شۇجى ئىدى

خېبېي ئۆلكىسى سەيخەنبا ماشىنىلاشقان ئورمانچىلىق مەيدانى

ئەنخۇي ئۆلكىسى جىنجەي ناھىيەسىنىڭ خۇاشى يېزىسى داۋەن كەنتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى فۇجيەن ئۆلكىسى شوۋنىڭ ناھىيەسى شياداڭ يېزىلىق كومىتېتى

جياڭشى ئۆلكىسى رۈيجىن شەھىرىنىڭ يېپىڭ يېزىسى

خۇنەن ئۆلكىسى خۇايۈەن ناھىيەسىنىڭ شۇاڭلۇڭ بازىرى شىبادۇڭ كەنتى

سىچۈەن ئۆلكىسى لياڭشەن يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى جاۋجۆ ناھىيەسىنىڭ سەنچاخې بازىرى سەنخې كەنتى

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىزاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتىنىڭ يېزا ئېلېكتر خىزمىتى بۆلۈمى

شەنشى ئۆلكىسى سۇيدې ناھىيەسىنىڭ جاڭجيابېيەن بازىرى خاۋجياچياۋ كەنتى

چىڭخەي ئۆلكىسى خەيدۇڭ شەھىرى خۇجۇ تۇزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ۋۇشى بازىرى بەنيەن كەنتى

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى يوڭنىڭ ناھىيەسىنىڭ مىننىڭ بازىرى

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ

# مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار كوللېكتىپلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى

(2021 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە بەس - بەستە ئاتلاندى. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار پۈتۈن كۈچلىرىنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىم ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ماسلىشىپ كۈچ چىقىرىپ، كۈچنى بىرىكتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، توختىماي ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى، ئەمەلىي نەتىجىلىرى قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، ئىش ئىزلىرى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان زور بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلار بارلىققا كەلدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تارىخىي مۇساپىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار كوللېكتىپلارنى داغدۇغىلىق تەقدىرلەپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىلغارلارنى قەدىرلەيدىغان، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىدىغان، ئىلغارلاردىن بولۇشقا تىرىشىدىغان، ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىپ ئېشىپ كېتىدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن كاڭ بولى قاتارلىق 1981 يولداشقا «مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بېرىشنى؛ بېيجىڭ شوۋنۇڭ تەمىنلەش زەنجىرى باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 1501 كوللېكتىپقا «مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىشنى قارار قىلدى. تەقدىرلەنگەن شەخسلەر ۋە كوللېكتىپلارنىڭ شەرىپىنى قەدىرلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار كوللېكتىپلاردىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلدى. ئۇلارنىڭ پارتىيەگە سادىق بولۇش، ئېتىقادى مۇستەھكەم بولۇشتەك سىياسىي پەزىلىتىدىن ئۆگىنىپ، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرى ۋە سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بولۇش؛ ئۇلارنىڭ جان - دىل بىلەن خەلقنى كۆزلەش، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىشتەك بۇرچ - مەسئۇلىيىتىدىن ئۆگىنىپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش؛ ئۇلارنىڭ تىرىشچان، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتەك خىزمەت ئىستىلىدىن ئۆگىنىپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن كۈچ قوشۇش؛ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش، قۇربان بېرىشتىن قورقماسلىقتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ئۆگىنىپ، ھەر ۋاقىت ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، ئۇرغۇپ تۇرغان غەيرەت بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىغا ئاتلىنىش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى تىرىشىپ پۈتۈپ چىقىشى كېرەك!

سكانىرلاپ ئىسىملىكنى كۆرۈڭ

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى)

# «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى پەيتىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى تەشكىللىگەن، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلار تۈزگەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قىسقىچە تارىخ» دېيىلدى) خەلق نەشرىياتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پارتىيە تارىخى نەشرىياتى تەرىپىدىن بىرلىشىپ نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلىدۇ.

بۇ «قىسقىچە تارىخ» پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن پارتىيە تارىخى قىسقىچە ئوقۇشلۇقى. كىتاب ئارگىنالنى يېزىش جەريانىدا، مەركەزدىكى رەھبەرىي يولداشلار تۈزۈش ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدا كۆپ قېتىم ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى زور كۈچ بىلەن مەدەت ۋە ياردەم بەردى.

«قىسقىچە تارىخ»تا دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىككى «تارىخىي قارار» ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىنىپ، 100 يىلدىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بارغان شانلىق تارىخىي مۇساپىسى سادىقلىق بىلەن خاتىرىلەندى، پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەختىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتى ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان تارىخىي تۆھپە - نەتىجىلىرى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز غەلىبىدىن - غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلەشتىكى قىممەتلىك تەجرىبىلىرى سىستېمىلىق خۇلاسىلەندى، پارتىيەنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردە تاۋلىنىپ يارىتىلغان ئۇلۇغ روھى مەركەزلىك نامايان قىلىندى.

«قىسقىچە تارىخ» جەمئىي 10 باب، 70 پاراگراف، تەخمىنەن 280 مىڭ خەت بولۇپ، پارتىيە تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئەڭ يېڭى نەتىجىلەر تولۇق قوبۇل قىلىنىپ، تارىخ بىلەن نەزەرىيەنى بىرلەشتۈرۈش شەكلىدە، مۇھىم، زور تارىخىي ۋەقەلەر ۋە مۇھىم تارىخىي شەخسلەر، مۇھىم، زور فاڭجېن، سىياسەت ۋە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىلار، مۇھىم، زور نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخىي مۇساپىسى نۇقتىلىق بايان قىلىندى ۋە باھا بېرىلدى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نېمە ئۈچۈن «قابىل» ئىكەنلىكى، ماركسىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «يارايدۇ»غانلىقى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «ياخشى» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى داۋلىلار چوڭقۇر شەرھلەندى؛ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئالىيجاناب ئىنقىلابىي روھى ۋە خىسلىتى كۈچەپ ئەۋج ئالدۇرۇلدى؛ تارىخىي ئۆزگىرىش ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىچكى لوگىكا، تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئارقىسىدىكى يول، نەزەرىيە، تۈزۈم، مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى چوڭقۇر يېشىپ چۈشەندۈرۈلدى، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ئاددىي، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشتىكى مۇھىم ئوقۇشلۇقى ھېسابلىنىدۇ.